# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
3
سەيشەنبە
维吾尔文 12 月3日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24898 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ رۇسىيە فېدېراتسىيەسى خەۋپسىزلىك يىغىنىنىڭ كاتىپى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر بەي جيې) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا جۇڭگو ـ رۇسىيە قانۇن ئىجراسى خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقى مېخانىزمى يىغىنى ۋە جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىستراتېگىيەلىك خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن رۇسىيە فېدېراتسىيەسى خەۋپسىزلىك يىغىنىنىڭ كاتىپى پاترۇشېۋ بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ يىل جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى يېڭى دەۋرگە كىردى. مۇرەككەپ، كۆپ ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتكە قارىتا، جۇڭگو ـ رۇسىيە تېخىمۇ يېقىن بىرگە تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر سەممىي، ئىشەنچلىك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلاردىن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قەتئىي، كۈچلۈك ئىستراتېگىيەلىك مەدەت بېرىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن سىن ئارقىلىق كۆرۈشتى

### جۇڭگو ـ رۇسىيە شەرقىي لىنىيە تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ گاز يەتكۈزۈش مۇراسىمىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى



12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن سىن ئارقىلىق كۆرۈشۈپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە شەرقىي لىنىيە تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ گاز يەتكۈزۈش مۇراسىمىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر بەي جيې) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭدا رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن سىن ئارقىلىق كۆرۈشۈپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە شەرقىي لىنىيە تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ گاز يەتكۈزۈش مۇراسىمىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى.

گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ مۇراسىمغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق سۆھبەتتىكى پۇتىن بىلەن ئۆزئارا ھال سوراشتى.

شى جىنپىڭ تۇرۇبا يولىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ گاز يەتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ كەڭ قۇرۇلۇشچىلىرىغا سەممىي رەھمەت ئېيتتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شەرقىي لىنىيە تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى جۇڭگو ـ رۇسىيە ئېنېرگىيە ھەمكارلىقىدىكى بەلگە خاراكتېرلىك تۈر، شۇنداقلا ئىككى تەرەپنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇشۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتىكى ئۈلگىسى. 2014 ـ يىلى، مەن پۇتىن زۇڭتۇڭ بىلەن ئىككى تەرەپ تۈر ھەمكارلىق ھۆججىتىنىڭ ئىمزالىنىشىغا گۇۋاھ بولغانىدىم. بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ئورۇنلىرى قويۇق ھەمكارلاشتى، كەڭ قۇرۇلۇشچىلار قار ـ مۇز قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنداپ، دۇنياغا چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى نامايان قىلدى، جۇڭگو ـ رۇسىيە ھەمكارلىقىنىڭ مول نەتىجىسىنى كۆرسەتتى. ئىشقا كىرىشتۈرۈپ گاز يەتكۈزۈش ھەم مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە، شۇنداقلا يېڭى ھەمكارلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ئىككى تەرەپ بىخەتەر تۇرۇبا يولى، يېشىل تۇرۇبا يولى، تەرەققىيات تۇرۇبا يولى، دوستلۇق تۇرۇبا يولى بەرپا قىلىپ، تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈشنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، تۇرۇبا يولى لىنىيە بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

## «مەنزىرىلەرنى يوروقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»نى زىيادە ئاشۇرۇۋېتىش قاتارلىق «سىياسىي نەتىجە قۇرۇلۇشى» «يۈز ـ ئابروي قۇرۇلۇشى» مەسىلىلىرىنى تۈزەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «مەنزىرىلەرنى يوروقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»نى زىيادە ئاشۇرۇۋېتىش قاتارلىق ‹سىياسىي نەتىجە قۇرۇلۇشى› ‹يۈز ـ ئابروي قۇرۇلۇشى› مەسىلىلىرىنى تۈزەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، «مەنزىرىلەرنى يوروقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»نى زىيادە ئاشۇرۇۋېتىش قاتارلىق «سىياسىي نەتىجە قۇرۇلۇشى» «يۈز ـ ئابروي قۇرۇلۇشى» مەسىلىلىرىنى تۈزەشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مەخسۇس تۈزەش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باھالاشنى ياخشى تۇتۇپ، ئەستايىدىل تۈزىتىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، تۈزەش خىزمىتىنى قاتتىق، پۇختا، ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەنزىرىلەرنى يوروقلاشتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا قارىغۇلارچە ياساپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## خوتەن ۋىلايىتى: خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ئاممىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش

**□مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، شيا چىڭ، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ يۇڭ**

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «2+8» مەخسۇس تۈزەشنى، «3+3+1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى چۆرىدەپ، دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئۆگىنىش» بىلەن «تۈزىتىش»نى باشتىن ـ ئاخىرغا سىڭدۈرۈپ، ئىنچىكە تەدبىر تۈزۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، ئۈنۈملۈك ھەمتۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تۇبىرىگە قالدۇرۇلۇش مەسىلىسى داۋالاش ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزىلاردىكى ئارتۇق

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شىنجاڭدا قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى ھەقىقىي تەدبىر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى **شۆھرەت زاكىر**

بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى خەلقئارا ئاممىۋى پىكىر دىققىتىنى قوزغىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى، نۇرغۇن بىلىملىك زات بەس ـ بەستە ئالقىشلىدى، لېكىن غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلار ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراش تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى ئايرىم سىياسىيونلار خۇپىيانە غەرەز بىلەن، باشتىن ـ ئاخىر «رەڭلىك كۆزەينەك»تە جۇڭگوغا قارىدى، شىنجاڭغا قارىدى، ئۇلار پاكىتقا كۆز يۇمۇش، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش، ھەقنى ناھەق دېيىشتەك ئادەتلەنگەن ھىيلە ـ نەيرەڭنى ئىشلىتىپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسىنى قوزغاپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى يامان غەرەزدە كۆپتۈرۈپ، جۇڭگوغا خالىغانچە قارا چاپلىدى. ئۇلار جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقى ۋە ئەسەبىزىمنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بىر قىسىم جەمئىيەت توپلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشتىكى غايەت زور قىزغىنلىقىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسقان، ھەتتا تەلۋىلەرچە جۇڭگونى پارچىلاشقا، مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشقا كۈشكۈرتكەن، قۇترىتقان رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە يامان نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. بۇنىڭغا بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز. قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت تېررورىزم، ئەسەبىزىمنى مەنبەدىن يوقىتىش، بۇ تامامەن كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغان ۋە كاپالەتلىك قىلغان تەدبىر بولۇپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر. ئاتالمىش «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە «قوش ئۆلچەم»نى قوللىنىپ، شىنجاڭغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ قارا چاپلاش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، تېررورىزم، ئەسەبىزىمنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق، ئۇنىڭغا يول قويغانلىق بولۇپ، خەلقئارا ئەخلاق ۋە ھەققانىيلىققا شۇنداقلا ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، بۇنىڭغا بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان كىشى لەنەت ئوقۇيدۇ، بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقى ھەرگىز قوشۇلمايدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

چېن چۇەنگو قەشقەر ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نىشان، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسى، مەكىت ناھىيەسى، قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار ناھىيەسى، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سەپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن يۈزتۇرا لېكسىيە سۆزلىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشان، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.



12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سەپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، چېن چۇەنگو پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ جامباز يېزىسى ئەگىتېرەك كەنتىگە كېلىپ نامرات ئاممىنى زىيارەت قىلدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. □مۇخبىرىمىز سۇي جىجيەن فوتوسى

چېن چۇەنگو يەكەن ناھىيەسى، پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە كېلىپ، كەنت دەرىجىلىك زاپاس كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئىگىلىدى. ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، كۆكتات ـ مېۋە ئۆستۈرۈش، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئەمەلىي مەشىق سىنىپلىرىدا، چېن چۇەنگو ھەر مىللەت ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىگىلىك تىكلەش ئەمەلىي ئېھتىياجىغا يېقىنلىشىپ، نامرات ئائىلىلەرنى ماھارەت جەھەتتىن تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش قابىلىيىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)


ئوقۇش يېتەكچىسى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەلسەپە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى مۇرات قىنىيات:
قەشقەردىن خوتەنگە ئۇچقان نۆۋەتچى ئايروپىلاندىكى بىر قىسمىلىق قىزغىن پاراڭ

جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاق مەسچىتنىڭ ئىمامى ئابدۇشۈكۈر رەھمەتۇللا:
شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ھەممىگە ئايان

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى گۈلنار ئوبۇل:
ئىپارخان باغچىسىدىكى «جۇڭگولۇق گۈلى»

3 ـ بەتتە